# ﴿رامىزان تەۋبە قىلىشقا ئەڭ ياخشى پۇرسەتتۇر﴾

[uyghur-ئۇيغۇرچە-الأويغورية]


پەزىلەتلىك شەيخ سەلاھ ئىبنى مۇھەممەد ئەلبۇدەير

تەرجىمە قىلغۇچى: سەيپىددىن ئەبۇ ئابدۇلئەزىز

تەكشۈرۈپ بىكىتكۈچى : ن.تەمكىنى



نەشىر ھوقۇقى مۇسۇلمانلارغا مەنسۇپ

2010 - 1431

islamhouse.com

# ﴿رمضان فرصة للتوبة﴾

«باللغة الأويغورية»

فضيلة الشيخ صلاح بن محمد البدير

ترجمة: سيف الدين أبو عبد العزيز

مراجعة: ن. تمكيني

حقوق الطبع والنشر لكل مسلم

2010 - 1431

islamhouse.com

# تەۋبە قىلىش پۇرسىتىنى غەنىمەت بىلگىن

2010-يىلى 08-ئاينىڭ 20-كۈنىدىكى جۈمە خۇتبىسىنىڭ قىسقىچە مەزمۇنى

مەدىنە مۇنەۋۋەرە پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مەسچىتىنىڭ ئىمامى ئاللاھنى مەدھىيىلەپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت-سالام يوللىغاندىن كېيىن، جۈمە نامىزى ئۈچۈن توپلاشقان يۈز مىڭلىغان جامائەتكە «رامىزان ئېيى چىقىپ كېتىشتىن بۇرۇن ئاللاھقا تەۋبە قىلىۋېلىشنىڭ ئەھمىيىتى» توغرىسىدا تۆۋەندىكى تەۋسىيەلەرنى قىلدى:

دۇنيا تەبىئىيلىكى بىلەن، گۈزەل ۋە يېقىملىق ۋە باياشات بولسىمۇ، ئاخىرى چېكى يوق بولۇش بىلەن ئاخىرلىشىدۇ، دۇنيادا ھېچ كىشى مەڭگۈ قالمايدۇ، كۈنلەر تېز ئۆتەۋاتىدۇ، ئايلار بىر-بىرىگە ئەگىشىپ كېلىۋاتىدۇ، يىللار بىر-بىرىنى قوغلىشىپ تۇرىدۇ. دۇنيا ۋاقىتلىق ماكان بولۇپ، ياخشى ۋە ناچار، كاپىر ۋە مۇسۇلمان ھەرقانداق ئىنسان مەلۇم مۇددەتتىن كېيىن بۇ دۇنيا بىلەن ۋىدالىشىدۇ. ئاللاھقا تايانغان ۋە ئۇنىڭغا تەۋەككۇل قىلغان كىشى توغرا يولغا باشلىنىدۇ ۋە دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە نەتىجە قازىنىدۇ.

ئۆزىنى ئەۋلادلىرىنى، ئائىللىرىنى يامانلىقتا ئىلىپ بارىدىغان ۋاستىلەردىن، ۋەيرانچىلىقتىن، رەسۋالىق ۋە ئاللاھنىڭ غەزىپىگە ئۇچراپ قىلىشتىن ساقلىنىشقا تىرىشقان كىشىلەرگە مۇبارەك بولسۇن!.

رامىزان ئېيى ئەمەللەر قوبۇل قىلىنىدىغان، ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا ئۆرلەيدىغان، گۇناھكارلار دوزاختىن ئازات قىلىنىدىغان، سېخىلىق ۋە بەرىكەتكە تولغان ئايدۇر.

مۇسۇلمانلار بۇ ئاينى غەنىمەت بىلىپ، قەتئىي ئىرادە بىلەن تەۋرەنمەستىن ئاللاھقا يېقىنلاشتۇرىدىغان ئەمەللەرنى قىلىشقا ئاتلىنىشى كېرەك. تىرىشچان ۋە ئىرادىلىك كىشى چوقۇم ئۇتۇق قازىنىدۇ. سەۋرچان كىشى مەقسەتكە يېتىدۇ. ھورۇنلۇقنى داۋاملاشتۇرغان كىشىنىڭ بارلىق ئارزۇلىرى بەربات بولۇپ، دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك ئىشلىرىدا ئۇتۇق قازىنالمايدىغانلىقى بىر ھەقىقەتتۇر.

ئائىشە رەزىيەللاھۇئەنھا مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام رامىزاندا ئەمەل-ئىبادەتكە باشقا ۋاقىتتىن بەكراق تىرىشچانلىق كۆرسىتەتتى».

رامىزان ئەمەللەر قوبۇل قىلىنىدىغان، رەھمەت ۋە مەغپىرەت مەۋسۇمىدۇر. بۇ ئايدا مۇسۇلمانلارنىڭ تائەت-ئىبادەت ۋە خەير-ساخاۋەتلىرىنى كۆرگەن شەيتانلار ئۈمىدسىزلىنىدۇ. بۇ ياخشىلىق ئېيى بولۇپ ياخشىلىقنى ياقتۇرىدىغانلار ئۈچۈن پۇرسەتتۇر. ئاللاھنىڭ تەرىپىگە قايتىشنىڭ ئېيى بولۇپ، بۇ ئايدا مۇسۇلمانلار رەھمەتكە چۆمىدۇ، مەغپىرەتكە قانىدۇ ۋە ئىمانىنىڭ مۇستەھكەملەشكەنلىكىنى ھېس قىلىدۇ.

ئىنسان قەبرىگە قويۇلۇشتىن بۇرۇن تەۋبە قىلىشقا ئالدىرىشى لازىم. ئۆزىنى مۇسۇلمان دەپ تونۇپ رامىزاننىڭ شارائىتىدىن بەھرى ئالالمايۋاتقان كىشىلەر پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ ئاللاھنىڭ رەھمەت-مەغپىرىتىگە ئېرىشىشكە تىرىشىش ئارقىلىق، تەۋبە قىلغۇچىلارغا بېرىلىدىغان پەزىلەتنى قولغا كەلتۈرەلىشى مۇمكىن.

بۇ مۇبارەك ئايدا گۇناھنىڭ كىرلىرىنى تەۋبە بۇلىقىدا يۇيۇپ خاتالىقتىن پاك بولغانلارغا مۇبارەك!.

گۇناھ-مەسىيەتكە باغلانغان، خارلىققا قاپسىلىپ قالغان قېرىنداشلىرىمىز! بۇ ئايدا گۇناھقا باغلىنىپ قالغانلار قۇتۇلدۇرىلىدۇ، جىنايەتچىلەر ئازات قىلىنىدۇ، خاتالىق سادىر قىلغۇچىلار ئەپۇ قىلىنىدۇ، رامىزان ئېيى چىقىپ كېتىپ كەچۈرۈم قىلىنىش ۋە ئەپۇ قىلىنىشقا ئېرىشەلمىگەن بەختسىزلەردىن بولۇپ قىلىشتىن ھەزەر قىلايلى. پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام: «ھازىر جەبرائىل ئەلەيھىسسالام مېنىڭ يېنىمغا كېلىپ: رامىزاندا ئاللاھنىڭ ئەپۇ قىلىشىغا ئېرىشەلمەي دوزاخقا كىرىپ كېتىدىغان كىشىلەرنى بىزدىن يىراق قىلسۇن دەپ، مېنى ئامىن دېگىن دېگەنتى، مەن ئامىن دېدىم، دەيدۇ».

مۇسۇلمانلار بۇ مۇبارەك ئاينىڭ ھۆرمىتىنى ساقلىشى، ئورنىنى تۆۋەنلىتىۋەتمەسلىكى ۋە ئېسىلىلىكىگە داغ تەككۈزمەسلىكى لازىم. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«يالغان سۆزلەپ ۋە شۇ بويىچە ئىش-ھەرىكەت قىلىشنى تاشلىمىغان كىشىنىڭ يېمەي-ئىچمەي تۇتقان روزىسىغا ئاللاھنىڭ ھېچ ئېھتىياجى يوق». مۇسۇلمانلار بۇ ئاينىڭ ھەر سائەت، ھەر مىنۇتلىرىنى چىڭ تۇتۇپ قۇرئان-كەرىمنى تىلاۋەت قىلىش، مەنىلىرىنى ئويلىنىش ۋە ۋەقەلىكلەردىن ئىبرەت ئېلىشى كېرەك. بۇ ئايدا پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئاللاھقا يۈزلىنىپ بۇ ئاينى گۇناھلاردىن پاك بولغان، روھانىيەت كۈچلانغان ھالەتتە ئاخىرلاشتۇرۇش لازىم.

بۇ ئايدا ئالى ھىممەت ۋە كەسكىن ئىرادە بىلەن ئاللاھقا يۈزلىنىش ئارقىلىق ھەقىقى بەخت تاپقان كىشىگە مۇبارەك!

بۇ ئاي كىشىلەرگە خەير-ئېھسان ۋە ياخشىلىقلارنى كۆپ قىلىدىغان ئاي بولۇپ، مۇسۇلمانلار بۇ ئايدا دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئاچلىق، ئۇسسۇزلۇق، كېسەللىك ۋە تۈرلۈك قىيىنچىلىقتا قالغان قېرىنداشلىرىنى ئەسلەش ۋە ئۇلارغا قولىدىن كېلىشچە ياردەمدە بولۇشى تەۋسىيە قىلىنىدۇ.

ئەڭ ياخشى سەدىقە رامىزاندا قىلىنغان سەدىقىدۇر. پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام كىشىلەرنىڭ ئەڭ سېخىلىرىدىن ئىدى، بولۇپمۇ رامىزان ئېيىدا جەبرائىل ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇچراشقاندىن كېيىن ئاجايىپ بەك سېخىيلىشىپ كېتەتتى.

مۇسۇلمانلار بۇ ئايدا رامىزاننىڭ ئالامەتلىرىنى تۇرغۇزۇش، شەرئى ۋاجىباتلار، سەھىھ ھەدىسلەردە بايان قىلىنغان سۈننەتلەر ۋە ئەدەپ-قائىدىلەرگە رىئايە قىلىش كېرەك. ئېپتارنى دەل ۋاقتىدا قىلغان كىشىلەر دائىم ياخشىلىقتا بولغان بولىدۇ.

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ناماز ئوقۇشتىن بۇرۇن ھۆل خورمىدا، ھۆل خورما بولمىسا قۇرۇق خورمىدا، ئۇمۇ بولمىسا سۇ بىلەن ئېپتار قىلاتتى. ئېپتار قىلغاندا: «ئۇسسۇزلۇق كەتتى، تومۇرلار نەمدەلدى، ئاللاھ خالىسا ئەجىر بېكىتىلدى» دېگەن سۆزلەرنى دەيتتى.

رامىزاندا ئۇنتۇلۇپ قىلىپ بىر نەرسە يېگەن-ئىچكەن كىشى روزىسىنى داۋاملاشتۇرسۇن، بۇ كىشىگە ئاللاھ يېمەك-ئىچمەك ئاتا قىلدى، بۇ كىشىگە قازاسىنى قىلىش ۋە كاپارەت بېرىش كەتمەيدۇ. روزىدار تۇرۇپ قەي قىلغان كىشىگە روزىنىڭ

قازاسى كەلمەيدۇ، لېكىن مۇمكىن بولسا قازاسىنى قىلغىنى ياخشى. ئېھتىلام بولغان كىشىنىڭ روزىسى بۇزۇلمايدۇ، ئەمما قولى بىلەن ئانانىزم قىلغان كىشىنىڭ روزىسى بۇزۇلىدۇ. رامىزاندا ئاللاھنىڭ ۋەدىسىگە ئىشىنىپ، ساۋاپ ئۈمىد قىلىپ روزا تۇتقان كىشىنىڭ ئىلگىرىكى گۇناھلىرى كەچۈرۈم قىلىنىدۇ. ئىمام بىلەن بىرگە نامازنى ئاخىرلاشتۇرغان كىشىگە بىر كېچە قىيامدا تۇرغانىنىڭ ساۋابى يېزىلىدۇ. روزا تۇتقۇچىنى ئىپتار قىلدۇرغۇچىغا روزا تۇتقۇچىغا ئوخشاش ساۋاپ بېرىلىدۇ، ئۇلارنىڭ هېچ قايسىسىنىڭ ساۋابى كېمەيتىلمەيدۇ. سىلەرنىڭ بىرىڭلار روزا تۇتقان كۈنىدە باشقىلار بىلەن ئۇرۇش-جېدەل قىلمىسۇن، ئەگەر بىرسى ئۇنى تىللىسا ياكى دەشنام قىلسا مەن روزىدار دېسۇن. روزا تۇتقۇچىنىڭ ئىپتار ۋاقتىدا قىلغان دۇئاسى ئىجابەت قىلىنىدۇ. ئاللاھ رامزاننىڭ ھەر كېچىسى دوزاخ ئەھلىدىن نۇرغۇن كىشىنى ئازات قىلىدۇ. رامىزاندا ئۆمرە قىلسا پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام بىلەن بىرگە ھەج قىلغاننىڭ ساۋابى بېرىلىدۇ.

بۇ مۇبارەك ئايدا ئاللاھ ھەممەيلەننى گۇناھ-مەسىيەتتىن پاك، ئەپۇ قىلىنغان كىشىلەرنىڭ قاتارىدىن قىلسۇن.

(رامىزان ئېيىنى تائەت-ئىبادەت بىلەن ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق ئىمانىنى تاۋلاۋاتقان ۋە رامىزاندىن كېيىنمۇ بۇ ئالى روھ بىلەن ياشاشقا بەل باغلىغان، ئىماننىڭ ھالاۋىتىنى دۇنيانىڭ ئارزۇ-ھەۋەسلىرىدىن ئۈستۈن بىلگەن ئۈيغۇر ياشلىرىغا مۇبارەك!-م-).